# بۇلۇتسىز چۈش ۋاختىدا قۇياشنى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟، ساھابىلار: «ياق» دېيىشتى، بۇلۇتسىز تولۇن ئاي كېچىسىدە ئاينى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغانغان ھەدىستە: ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەمدۇق؟» دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلۇتسىز چۈش ۋاختىدا قۇياشنى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟ دېدى، ساھابىلار: «ياق» دېيىشتى، «بۇلۇتسىز تولۇن ئاي كېچىسىدە ئاينى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟» دېدى، ساھابىلار: «ياق» دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم!، سىلەر ئاي بىلەن كۈننى كۆرۈشتە قىينالمىغاندەك قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرۈشتىمۇ قىينالمايسىلەر» دېدى، ئاللاھ بەندە بىلەن ئۇچرىشىپ: ئى پۇلان! سېنى ئىززەتلىدىم، خوجايىن قىلدىم، ئۆيلەپ قويدۇم، ئات-تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردىم، سىنى باشلىق قىلىپ غەنىمەتنىڭ تۆرتتىن بىرىنى ئالىدىغان قىلمىدىممۇ؟» دەيدۇ، ئۇ: «شۇنداق» دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: «مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىغانمىدىڭ؟» دەيدۇ، ئۇ ئادەم: «ياق» دەيدۇ، ئاللاھ: «سەن مېنى ئۇنتۇغاندەك مەنمۇ سېنى ئۇنتىمەن» دەيدۇ، ئاندىن ئىككىنچى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا: «ئى پۇلان! سېنى ئىززەتلىدىم، خوجايىن قىلدىم، ئۆيلەپ قويدۇم، ئات-تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردىم، سېنى باشلىق قىلىپ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان قىلمىدىممۇ؟» دەيدۇ، ئۇ: «شۇنداق» دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: «مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىغانمىدىڭ؟» دەيدۇ، ئۇ: «ياق» دەيدۇ، ئاللاھ: «سەن مېنى ئۇنتۇغاندەك مەنمۇ سېنى ئۇنتىمەن» دەيدۇ، ئاندىن ئۈچىنچى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغىمۇ يۇقىردا دېيىلگەن سۆزلەرنى دەيدۇ، ئۇ: «ئى رەببىم!، مەن ساڭا، سېنىڭ كىتابلىرىڭغا، پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىشەندىم، ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم، زاكات بەردىم» دەپ، كۈچىنىڭ يىتىشىچە تەرىپلەيدۇ، ئۇ ئادەمگە: «بۇ يەردە ئاشكارا بولىدۇ، ھازىر ساڭا گۇۋاھ بولىدىغان گۇۋاھچىلارنى ئەۋەتىمىز» دەيدۇ، ئۇ ئادەم كۆڭلىدە: «ماڭا كىم گۇۋاھچى بولىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئېغىزى پېچەتلىنىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ يوتىسى، گۆشى ۋە ئۇستىخانلىرىغا: «سۆزلەڭلار» دېيىلىدۇ، يوتىسى، گۆشى ۋە ئۇستىخانلىرى ئۇ ئادەمنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ، ئۇ ئۆزىدىن ئۆزرە ئېيتماسلىقى ئۈچۈندۇر، بۇ ئۈچىنچى ئىنسان بولسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان مۇناپىقتۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ساھابىلارنىڭ بەزىسى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، بىز قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەمدۇق؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلۇتسىز چۈش ۋاقتىدا قۇياشنى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟»، يەنى: قۇياش كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن ئالەمگە نۇر چېچىپ تۇرغان ۋاقتىدا، ئاسماندا سىلەرنى قۇياشنى كۆرۈشتىن چەكلەپ قويىدىغان بۇلۇت بولمىسا، سىلەرگە شۇ قۇياشنى كۆرۈش ئۈچۈن قىيىنچىلىق ھاسىل بولامدۇ؟» دېدى، ساھابىلار: «ياق» دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلۇتسىز ئاسماندا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟»، يەنى: ئاي تولۇق توشۇپ ئاسماندا ئاشكارا بولسا، سىلەرنى ئاينى كۆرۈشتىن چەكلەپ قويىدىغان بۇلۇت بولمىسا، ئاشۇ ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىتتىرىشىپ، قىستىلىشىپ قىيىنچىلىق ھاسىل بولامدۇ؟» دېۋىدى، ساھابىلار: «ياق» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم!، سىلەر قۇياش بىلەن ئاينى كۆرۈشتە قىينالمىغاندەك پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرۈشتىمۇ قىينالمايسىلەر»، يەنى: قۇياش بىلەن ئاينى كۆرۈشتە شەك ۋە تالاش-تارتىش قىلمىغاندەك، ئاللاھنى كۆرۈش ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ، ھېچ قانداق شەك-شۈبھە بولمايدۇ، بىر-بىرىڭلارنى ئىنكار قىلمايسىلەر، ئىختىلاپمۇ قىلمايسىلەر، ئوخشۇتۇش ئوچۇق-ئاشكارىلىقى شەك قىلمىغۇدەك دەرىجىدە

دەپ قاراپ پەقەت كۆرۈشتىلا بولدى، كۆرۈشنىڭ باشقا كەيپىياتىدا، كۆرۈلگۈچىدە بولمىدى، چۈنكى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن پاكتۇر. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ: ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى پۇلان! مەن سېنى ئۆز قەۋمىڭدە ئالاھىدە گېپى ئۆتىدىغان قىلمىدىممۇ؟، ئۆز جىنسىڭدىن جۈپ ئاتا قىلىپ تۇرمۇشلۇق قىلمىدىممۇ؟، جۈپتىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا ئۈنسى-ئۈلپەت، مېھرى-مۇھەببەت قىلمىدىممۇ؟، ساڭا ئات-تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟، سېنى قەۋمىڭگە باشلىق قىلىپ، غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان قىلمىدىممۇ؟ (جاھىلىيەتتە قەبىلە باشلىقلىرى غەنىمەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئالاتتى)» دەيدۇ، بەندە بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا: «ماڭا ئۇچرىشىشنى بىلەمتىڭ؟» دەيدۇ، ئۇ: «ياق» دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: «سەن مېنى ئۇنتۇغانداك مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن» دەيدۇ، يەنى سەن دۇنيادا ماڭا ئىتائەت قىلىشنى تاشلىغانداك، بۈگۈن سېنى رەھمىتىمدىن يىراق قىلىمەن. ئۇنتۇش بۇ يەردە بىلىشنى خالىماسلىقتۇر، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا: «سىلەر بىزنى ئۇنۇتقاندەك بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇيمىز، مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئىككىنچى بىر بەندە بىلەن ئۇچرىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىرىنچى ئىنسان بىلەن ئۇچراشقاندىكى سوئالى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ جاۋابىنى زىكىر قىلدى، ئاندىن ئاللاھ ئۈچىنچى ئىنسان بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇ ئادەمگىمۇ يۇقىرقى سوئالنى دەيدۇ، ئۇ ئادەم: «ئى رەببىم!، مەن ساڭا، سېنىڭ كىتابلىرىڭغا، پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىشەندىم، ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم، زاكات بەردىم» دەپ، ئۆزىنى كۈچى يېتىدىغان ھەممە نەرسە بىلەن ماختايدۇ، ئاللاھ تائالا: «ئۇنداقتا بۇ يەردە»، يەنى: سەن ئۆزۈڭنى بىر مۇنچە ماختىغان بولساڭ، ساڭا ئەمەللىرىڭنى گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ كۆرستىشىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە توختاپ تۇر» دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ھازىر ساڭا گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىمىز» دېيىلىدۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «ماڭا كىم گۇۋاھچى بولىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئېغىزى پېچەتلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يوتىسى، گۆشى ۋە ئۇستىخانلىرىغا: «سۆزلەڭلار» دېيىلىدۇ، يوتىسى، گۆشى ۋە ئۇستىخانلىرى ئۇ ئادەمنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ، بۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزۈر ئېيتماسلىقى ئۈچۈندۇر، يەنى: ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھى كۆپ بولغاچقا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى ئىسلىغىدەك ئۆزرە قالمىغۇدەك دەرىجىدە يوق قىلىش ئۈچۈن ئەزالىرىنى سۆزلىتىدۇ، بۇ ئۈچىنچى بەندە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان مۇناپىقتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10413

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee